ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ماتېماتىكا دەرسلىك

# ماتېماتىكا

6 ـ قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)



ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ماتېماتىكا دەرسلىك

# ماتېماتىكا

## 6 ـ قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


گرام، كىلوگرام ۋە توننا ........................................ 2

كۆپ خانىلىق سانلار بىلەن تونۇشۇش ................................ 12

كۆپ تەرەپلىك ................................................ 33

ئىككى خانىلىق ساننى ئىككى خانىلىق سانغا كۆپەيتىش .................... 39

يۈز (مەيدان) ................................................. 49

كۆپ خانىلىق ساننى ئىككى خانىلىق سانغا بۆلۈش .......................... 61

# گرام، كىلوگرام ۋە توننا

1

تۇرمۇشىمىزدا ئېغىرلىقى ئوخشىمىغان نەرسىلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز.




كىچىك بىر خالتىلىق ئۇننىڭ ئېغىرلىقى 1 كىلوگرام كېلىدۇ.




كىچىك بىر خالتىلىق شېكەرنىڭ ئېغىرلىقى 800 گرام كېلىدۇ.



بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ يۈك كۆتۈرۈش ئېغىرلىق چەكلىمىسى 5 توننا كېلىدۇ.

نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى تارازا ئارقىلىق ئۆلچەيمىز. تارازىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ:



2

تارازا ــ ئادەتتە نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، كۆپ قوللىنىلىدىغان بىرلىكلىرىدىن گرام(g)، كىلوگرام(kg)، توننا(t) قاتارلىقلار بار.



ئاۋۋال ئوڭ تەرەپتىكى تارازىنى كۆزىتىڭ، ئاندىن سول تەرەپتىكى تارازىنى كۆزىتىپ قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.




تارازا ئىستىرېلكىسى 1 نى كۆرسەتكەنلىكتىن، بۇ بەش ئالمىنىڭ ئېغىرلىقى 1 كىلوگرام بولىدۇ.

سىز 2kg، 3kg، 4kg ... قاتارلىقلارنى تارازىدىن تاپالامسىز؟

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. سىز گرام، كىلوگرام ۋە توننىلارغا ئايرىم ـ ئايرىم مىسال كەلتۈرەلەمسىز؟ قانداق نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقى گرام، قانداق نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقى كىلوگرام ۋە قانداق نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقى توننا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېقىڭ.

2. تۆۋەندىكى نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ قانچە كىلوگرام ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ:








3. تۆۋەندىكى نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟










**3**

گرام ــ كىلوگرامدىن كىچىك بولغان ئېغىرلىق بىرلىكى.







|  |  |  |
| --- | --- | --- |
| 1 گرامدىن يىڭنە | 1 گرامدىن ئېغىر | تەخمىنەن 1 گرام |

## كىلوگرام بىلەن گرامنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېپىپ باقايلى:










بانان 1 كىلو 800 گرام، بىر تىلىم تاۋۇز 300 گرام بولۇپ، 500 گراملىق ئىككى خالتا كارىز تۇزىنىڭ ئېغىرلىقىنى تارازىغا قويۇپ ئۆلچىسەك 1 كىلوگرام بولىدۇ.



1 كىلوگرام = 1000 گرام

1000 g = 1 kg

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تۆۋەندىكى نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟









**2. بىرلىك سۈندۇرۇش.**

| | |
|---|---|
| 9000 گرام = (      ) كىلوگرام | 1000 گرام = (      ) كىلوگرام |
| 7 كىلوگرام = (      ) گرام | 9 kg = (      ) g      5 kg = (      ) g |

**3. رەسىمگە قاراپ سوئالغا جاۋاب بېرىڭ.**




(1) ئەينەك قۇتىدىكى سۇنىڭ ئېغىرلىقى قانچە گرام؟

(2) سىزمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئەينەك قۇتىدىكى سۇنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ، قانچە گرام بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاڭ.

**4**

توننا ــ كىلوگرامدىن چوڭ بولغان ئېغىرلىق بىرلىكى.



بىرقەدەر ئېغىر بولغان نەرسىلەرنى ياكى چوڭ يۈكلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچىگەندە قوللىنىلىدىغان ئېغىرلىك بىرلىكى توننا بولىدۇ.










ھەربىر چوڭ خالتىلىق ئاق ئۇننىڭ ئېغىرلىقى 100 كىلوگرام، بۇنداق خالتىدىن 10ى بولسا 1000 كىلوگرام بولىدۇ. 1000 كىلوگرام 1 توننا بولىدۇ.

**1 توننا = 1000 كىلوگرام**

**1000 kg = 1 t**

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. بۇنداق يېسىۋېلەكتىن قانچىسى بولسا بىر توننىغا تەڭ بولىدۇ؟



2. بىرلىك سۇندۇرۇش.

| | | |
|---|---|---|
| 7000 كىلوگرام = (    ) توننا | | 5 توننا = (    ) كىلوگرام |
| 6 توننا = (    ) كىلوگرام | 9 t = (    ) kg | 3 t = (    ) kg |

3.

| | | |
|---|---|---|
|  1 توننا پولات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 100 توننا سۇ كېتىدۇ. |  1 توننا قەغەز ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 250 توننا سۇ كېتىدۇ. |  1 توننا نېفت ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 15 توننا سۇ كېتىدۇ. |

5 توننا نېفت ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن قانچە توننا سۇ كېتىدۇ؟ 5 توننا قەغەز ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈنچۇ؟ پولات ئۈچۈنچۇ؟

## بىلىۋېلىڭ






كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرايدىغان تارازىلاردىن بەدەن ئېغىرلىقىنى ئۆلچەيدىغان تارازىمۇ بار بولۇپ، بۇ تارازىنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرسىڭىز تارازا ئىسترېلكىسى قايسى ساننى كۆرسەتسە شۇ سان سىزنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىڭىز بولىدۇ. سول تەرەپتىكى تارازا بەدەن ئېغىرلىقىنى ئۆلچەيدىغان تارازا بولۇپ، كۆزىتىپ بېقىڭ.

## بىلىۋېلىڭ

6 ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان باللارنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى ئادەتتە تۆۋەندىكى تەڭلىك ئارقىلىق تاپقىلى بولىدۇ:

بەدەن ئېغىرلىقى = ھەقىقىي يېشى × 2 + 7 (ياكى 8)

سىز بۇ تەڭلىك ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئۆلچەملىك بەدەن ئېغىرلىقىنى ھېسابلاپ بېقىڭ، ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ.

ئەسكەرتىش: ھەقىقىي يېشى دېگەن 6 ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان 6، 7، 8، 9، 10 قاتارلىق ياشلارنى كۆرسىتىدۇ.

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ:










2. تۆۋەندىكى نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېنىقلاپ، جەدۋەلنى تولدۇرۇڭ.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
|  |  |  |  |  |
| | | | | |

**3. ◯نىڭ ئىچىگە «>»، «<» ياكى «=» بەلگىسىنى تولدۇرۇڭ.**

| | | |
|---|---|---|
| 1000 kg ◯ 1 g | 10 كىلوگرام ◯ 100 توننا | 100 گرام ◯ 1 كىلوگرام |
| 2800 kg ◯ 3 t | 9 kg ◯ 9000 g | 6 توننا ◯ 5500 كىلوگرام |

**4. بىرلىك سۇندۇرۇش.**

| | | |
|---|---|---|
| 7000 گرام = (      ) كىلوگرام | | 2 توننا = (      ) كىلوگرام |
| 10 كىلوگرام = (      ) گرام | 9 kg = (      ) g | 1 t = (      ) g |

**5.**



1- نومۇر 230 گرام

2- نومۇر 290 گرام

3- نومۇر

4- نومۇر

(1) ئىككىنچى نومۇرلۇق ئانار شەربىتىنىڭ ئېغىرلىقى قانچە گرام؟

(2) ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى نومۇرلۇق ئىستاكاندىكى ئانار شەربىتىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ قانچە گرام ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ تاپالامسىز؟



**6.** بۇ يۈك ماشىنىسىنىڭ يۈك كۆتۈرۈش چەكلىمىسى 4 توننا، ئىسكىلاتتا 25 توننا يۈك بار بولۇپ، 6 ماشىنا بۇ يۈكلەرنى توشۇپ بولالامدۇ؟

**7.** بىر كۆك كىتنىڭ ئېغىرلىقى 72 توننا، بىر پىلنىڭ ئېغىرلىقى 6 توننا، بىر لەھەڭنىڭ ئېغىرلىقى 3 توننا كېلىدۇ. سىز بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسەن بۆلۈشكە دائىر قانداق سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويالايسىز؟

# كۆپ خانىلىق سانلار بىلەن تونۇشۇش

## 100 مىليون ئىچىدىكى سانلار بىلەن تونۇشۇش

**1**

**ھاياتىمىزدا 10000 دىن چوڭ سانلار بىزگە دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر شەھەرنىڭ نوپۇسى 13919000 ئادەم بولسا، بۇ ساننى تونۇش بىزگە مۇھىم بولىدۇ. شۇڭا تۆۋەندە بىز چوڭ سانلار بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.**

**ئون مىڭ ئون مىڭدىن سانىساق، 10 دانە ئون مىڭ 100 مىڭ بولىدۇ.**






يۈز مىڭ يۈز مىڭدىن سانىساق، 10 دانە يۈز مىڭ بىر مىليون بولىدۇ.







مۇشۇ بويىچە داۋاملىق سانىساق،

10 دانە 1 مىليون 10 مىليون بولىدۇ.

10 دانە 10 مىليون 100 مىليون بولىدۇ.



بىر، ئون، يۈز، مىڭ، ئون مىڭ ... يۈز مىليون قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ساناش بىرلىكلىرىدۇر.

ئويلاپ بېقىڭ: ئۆزئارا قوشنا بولغان ھەر ئىككى ساناش بىرلىكى ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟



| بىرلەر تۈركۈمى | | | مىڭلار تۈركۈمى | | | مىليونلار تۈركۈمى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بىرلەر خانىسى | ئونلار خانىسى | يۈزلەر خانىسى | مىڭلار خانىسى | ئون مىڭلار خانىسى | يۈز مىڭلار خانىسى | مىليونلار خانىسى | ئون مىليونلار خانىسى | يۈز مىليونلار خانىسى | ... |
| 0 | 0 | 0 | 9 | 1 | 9 | 3 | 1 | | |

9 دانە 100 مىڭنى ئىپادىلەيدۇ



قالغان خانىلاردىكى سانلارنىڭ ھەربىرى
قانچىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېقىڭ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**1. تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاپ بېقىڭ:**

(1) ئون مىڭ ئون مىڭدىن ساناپ، توققۇز يۈز يەتمىش مىڭدىن بىر مىليون قىرىق مىڭغىچە ساناپ بېقىڭ.

(2) يۈز مىڭ يۈز مىڭدىن ساناپ، سەككىز يۈز مىڭدىن بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭغىچە ساناپ بېقىڭ.

(3) ئون مىليون ئون مىليوندىن ساناپ، ئاتمىش مىليوندىن يۈز مىليونغىچە ساناپ بېقىڭ.

## 2. تۆرمۆشتىكى قانداق ئورۇنلاردا ئون مىڭدىن يۇقىرى سانلار ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېقىڭ




2

تۆۋەندىكى سانلارنى ئوقۇيلى:



| | ئون مىليونلار خانىسى | مىليونلار خانىسى | يۈز مىڭلار خانىسى | ئون مىڭلار خانىسى | مىڭلار خانىسى | يۈزلەر خانىسى | ئونلار خانىسى | بىرلەر خانىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوقۇلۇشى: | | | 5 | 0 | 3 | 2 | 2 | 5 |
| ئوقۇلۇشى: ئون ئىككى مىڭ ئىككى يۈز | | | | 1 | 2 | 2 | 0 | 0 |
| ئوقۇلۇشى: | | 2 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 2 |
| ئوقۇلۇشى: | 5 | 1 | 5 | 6 | 5 | 0 | 3 | 0 |
| ئوقۇلۇشى: | 6 | 0 | 7 | 9 | 8 | 0 | 2 | 6 |






## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى سانلارنى ئوقۇپ بېقىڭ:

| ئون مىليونلار خانىسى<br>مىليونلار خانىسى | يۈز مىڭلار خانىسى<br>ئون مىڭلار خانىسى<br>مىڭلار خانىسى | يۈزلەر خانىسى<br>ئونلار خانىسى<br>بىرلەر خانىسى |
|---|---|---|
| 7 | 6 0 9 | 0 0 5 |
| 4 3 | 4 1 0 | 3 5 0 |
| 2 | 0 6 8 | 0 0 0 |
| | 5 | 5 3 3 |
| 6 0 | 6 7 9 | 2 0 0 |

3

تۆۋەندىكى سانلارنى يازالامسىز؟

| ئون مىليونلار خانىسى<br>مىليونلار خانىسى | يۈز مىڭلار خانىسى<br>ئون مىڭلار خانىسى<br>مىڭلار خانىسى | يۈزلەر خانىسى<br>ئونلار خانىسى<br>بىرلەر خانىسى |
|---|---|---|
| | 8 0 8 | سەككىز يۈز سەككىز مىڭ ئاتمىش<br>يېزىلىشى: 0 6 0 |
| __ | __ __ __ | ئالتە مىليون ئۈچ يۈز تۆت مىڭ توققۇز<br>يېزىلىشى: __ __ __ |

| | | |
|---|---|---|
| يەتمىش مىليون ئەللىك بەش مىڭ بىر يۈز<br>يېزىلىشى: ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ |
| بىر مىليون بەش يۈز ئاتمىش بەش مىڭ ئوتتۇز<br>يېزىلىشى: 0 3 0 | 5 6 5 | 1 |
| سەكسەن مىليون تۆت مىڭ يەتتە يۈز<br>يېزىلىشى: ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ |




## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**1. تۆۋەندىكى سانلارنى يېزىپ بېقىڭ:**

| يۈزلەر خانىسى<br>ئونلار خانىسى<br>بىرلەر خانىسى | يۈز مىڭلار خانىسى<br>ئون مىڭلار خانىسى<br>مىڭلار خانىسى | ئون مىليونلار خانىسى<br>مىليونلار خانىسى |
|---|---|---|
| ئاتمىش مىڭ يەتمىش<br>يېزىلىشى: ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ |
| بەش يۈز ئەللىك مىڭ ئەللىك بەش<br>يېزىلىشى: ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ |
| ئىككى مىليون سەككىز يۈز مىڭ يەتتە | | |

| | | |
|---|---|---|
| يېزىلىشى: ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ |
| قىرىق ئۈچ مىليون بىر يۈز تۆت مىڭ<br>يېزىلىشى: ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ |
| ئۈچ مىليون بىر مىڭ يەتتە يۈز يىگىرمە<br>يېزىلىشى: ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ |

**.2** سىز سانلارنى ئوقۇش ۋە يېزىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ، قېنى قايسى گۇرۇپپا تېز جاۋاب بېرەلەيدۇ؟

## كۆنۈكمە

**1.** سىز خانىلار تەرتىپ جەدۋىلىنى تولۇقلاپ تۈزەلەمسىز؟ سىناپ بېقىڭ.

| بىرلەر تۈركۈمى | | | مىڭلار تۈركۈمى | | | مىليونلار تۈركۈمى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بىرلەر خانىسى | | يۈزلەر خانىسى | مىڭلار خانىسى | ئون مىڭلار خانىسى | | مىليونلار خانىسى | | يۈز مىليونلار خانىسى | ... |
| | | | | | | | | | |

مىڭلار خانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى خانا قايسى خانا؟ سول تەرىپىدىكى خانا قايسى خانا؟





بىرلەر خانىسىدىن باشلانغاندا قانچىنچى خانا مىڭلار خانىسى بولىدۇ؟ قانچىنچى خانا مىليونلار خانىسى بولىدۇ؟

2. تۆۋەندە بىرلىگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى سانلارنى ئوقۇڭ:

| | |
|---|---|
| 400 050 000 بىرلىكى 40 005 | 450 000 بىرلىكى 45 |
| 4 000 050 بىرلىكى 40 050 | 45 000 000 بىرلىكى 40 005 000 |

3. گۇرۇپپىلار ئارا پەرق ئالماشتۇرۇڭلار، تۆۋەندىكى سانلارنى قانداق قىلغاندا ئاسان ئوقۇغىلى بولىدۇ؟

| | | | |
|---|---|---|---|
| 52640<br>10203050 | 14570250<br>623040 | 652402<br>74580140 | 2305402<br>45002100 |
| 5024030<br>230155 | 8090705<br>8752012 | 12400002<br>98754210 | 5060002<br>1280624 |

**4. تۆۋەندىكى سانلارنى يېزىڭ:**

- توقسان بىر مىڭ سەككىز يۈز بەش
- ئون بىر مىليون بىر يۈز بىر مىڭ ئون بىر
- توقسان مىليون قىرىق ئىككى مىڭ بەش يۈز
- ئون مىڭ بىر يۈز بىر
- ئون بەش مىڭ ئۈچ يۈز يەتتە
- ئىككى مىليون ئاتمىش تۆت مىڭ بىر

**5. تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى سانلاردىن تۈزۈلگەن سانىنى يېزىڭ:**

- يەتمىش مىليون، يەتتە مىڭ، يەتتە
- ئوتتۇز مىليون، بەش مىليون، ئون مىڭ، بىر مىڭ، سەككىز
- توققۇز يۈز مىڭ، يەتمىش مىڭ، تۆت مىڭ، ئالتە يۈز
- يىگىرمە مىليون، بەش مىليون، ئالتە مىڭ، ئىككى يۈز
- بىر مىليون، ئاتمىش مىڭ، ئاتمىش
- يۈز مىليون، توققۇز مىليون، سەككىز يۈز مىڭ، يەتمىش

## 6. سىزىق ئۈستىدىكى سانلارنى توغرا يېزىڭ.



ساغلام ئادەمنىڭ يۈرىكى بىر يىلدا قىرىق ئىككى مىليون قېتىم سوقىدۇ.



يەرشارى ئېكۋاتورىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى قىرىق مىليون يەتمىش بەش مىڭ يەتتە يۈز مېتىر كېلىدۇ.

بىر كۆك كىتنىڭ ئېغىرلىقى بىر يۈز يىگىرمە بەش مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 23 دانە پىلنىڭ ئېغىرلىقىغا باراۋەر كېلىدۇ.



نۇرنىڭ تارقىلىش تېزلىكى سېكۇنتىغا ئىككى يۈز توقسان توققۇز مىڭ سەككىز يۈز كىلومېتىر.

## 7.

ئون مىليون بەش يۈز مىڭ يېزىلىشى: ________________

بەش مىليون بەش يۈز يېزىلىشى: ________________

تۆت يۈز مىڭ بەش يۈز ئىككى يېزىلىشى: ________________

ئوتتۇز تۆت مىليون ئوتتۇز تۆت يېزىلىشى: ________________

بەش يۈز سەكسەن ئالتە مىڭ يېزىلىشى: ________________

## 8. 0، 0، 0، 0، 4، 5، 6، 7 دىن ئىبارەت يەتتە رەقەمدىن پايدىلىنىپ، تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدىغان يەتتە خانىلىق سان تۈزۈڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاخىرىدا ئىككى نۆل بار | ئارىسىدا ئىككى نۆل بار | ئاخىرىدا ئۈچ نۆل بار | ئارىسىدا ئۈچ نۆل بار |

**4**

2504300 3025000 502004 203000

بۇ سانلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى سېلىشتۇرايلى:




3025000 > 2504300 > 502004 > 203000

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى ساننىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى سېلىشتۇرۇپ، دۈگىلەك ئىچىگە «>» ياكى «<» بەلگىسىنى تولدۇرۇڭ:

| | | |
|---|---|---|
| 405250 ◯ 20400 | 7526353 ◯ 7052154 | 250423 ◯ 254020 |
| 605254 ◯ 102452 | 95624580 ◯ 23500250 | 7582 ◯ 24513 |

**5**

◯ ئاق قان ھۈجەيرىسى كېسەل باكتېرىيىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قاننى تازىلايدۇ.

قىزىل قان ھۈجەيرىسى ئۆكسىگېن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

بىر تامچە قاندا:

قىزىل قان ھۈجەيرىسى: (دانە) 5 مىليون = (دانە) 5 000 000

ئاق قان ھۈجەيرىسى: (دانە) مىڭ ____ = (دانە) 10 000

مىليون ۋە مىڭ بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتىپ يېزىش بىزگە قۇلايلىق ئېلىپ كېلىدىكەن.



## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى سانلارنى «مىڭ» ياكى «مىليون» بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتىپ يېزىڭ:

(1) 460000　1200000　62000000　740000000　56000

(2) تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 337000 كۋادرات كىلومېتىر.

6

ئالLاھىنىڭ مەخلۇقلىرىدىن بولغان يەر شارىنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن قانچە كىلومېتىر؟ قۇياشنىڭچۇ؟





1389100 كىلومېتىر

12756 كىلومېتىر

1389100≈1389000 = 1 مىلىيون 389 مىڭ

12756≈13000 = 13 مىڭ

5 تىن كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سانلارنى يەنىلا 0 قىلىپ يازىمىز.

5 تىن چوڭ بولغاچقا، ئالدىنقى خانىغا 1 نى قوشۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سانلارنى تاشلىۋېتىپ، 0 قىلىپ يازىمىز.





## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

| تەقرىبىي سان | تەلەپ | ئەسلىدىكى سان |
|---|---|---|
| | يۈزلەر خانىسىدىن باشلاپ كېيىنكى پارچە ساننى تاشلىۋېتىش | 5923625 |
| | ئون مىڭلار خانىسىدىن باشلاپ كېيىنكى پارچە ساننى تاشلىۋېتىش | |

# كۆنۈكمە

1. تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى ساننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى سېلىشتۇرۇپ، دۈگىلەك ئىچىگە «>» ياكى «<» بەلگىسىنى تولدۇرۇڭ:

| | | |
|---|---|---|
| 235624 ◯ 658952 | 2995682 ◯ 3000025 | 50325 ◯ 625045 |
| 10000 ◯ 9969 | 64500014 ◯ 64500004 | 450000 ◯ 405000 |

2. تۆۋەندىكى سانلارنى كىچىكتىن چوڭغا بولغان تەرتىپ بويىچە تىزىڭ:

635041 25400 7054520 802500 36982 6925420

3. تۆۋەندىكى سانلارنى «مىڭ» ياكى «مىليون» بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتىپ يېزىڭ:

| | | |
|---|---|---|
| مىڭ ___ = 52000 | مىليون ___ = 62000000 | مىڭ ___ = 460000 |
| مىڭ ___ = 250000 | مىڭ ___ = 56000 | مىليون ___ = 740000000 |
| مىڭ ___ مىليون ___ = 9620000 | | مىڭ ___ مىليون ___ = 14526000 |

4.

| تەقرىبىي سان | تەلەپ | ئەسلىدىكى سان |
|---|---|---|
| | يۈزلەر خانىسىدىن باشلاپ كېيىنكى پارچە سانىنى تاشلىۋېتىش | 48250705 |
| | مىڭلار خانىسىدىن باشلاپ كېيىنكى پارچە سانىنى تاشلىۋېتىش | |
| | ئون مىڭلار خانىسىدىن باشلاپ كېيىنكى پارچە سانىنى تاشلىۋېتىش | |

## 100 مىليوندىن چوڭ سانلار بىلەن تونۇشۇش

7

تۆۋەندىكى سانلارنى ئوقۇپ باقايلى:

| | يۈز مىلياردلار خانىسى | ئون مىلياردلار خانىسى | مىلياردلار خانىسى | يۈز مىليونلار خانىسى | ئون مىليونلار خانىسى | مىليونلار خانىسى | يۈز مىڭلار خانىسى | ئون مىڭلار خانىسى | مىڭلار خانىسى | يۈزلەر خانىسى | ئونلار خانىسى | بىرلەر خانىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوقۇلۇشى: بىر مىليارد بەش يۈز مىڭ | | | 1 | 0 | 0 | 0 | 5 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| ئوقۇلۇشى: | | 2 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 1 | 0 | 2 | 0 | 0 |
| ئوقۇلۇشى: | 9 | 0 | 0 | 0 | 0 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 3 |

**100 مىليارد ئىچىدىكى سانلارنى ئوقۇش مىليون ئىچىدىكى سانلارنى ئوقۇش بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.**

### ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى سانلارنى ئوقۇڭ:

| | | |
|---|---|---|
| 8 200 000 000 | 56 000 200 000 | 605 020 000 000 |
| 600 230 050 000 | 745 000 555 000 | 41 000 220 222 |

**8**

**تۆۋەندىكى سانلارنى «مىليون» ياكى «مىليارد» بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتىپ يازايلى:**

**22600000 ≈ ______ مىليون　　400000000000 = 400 مىليارد**

**96025000000 = ______ مىليارد ______ مىليون**

**965000000 = ______ مىليون　　5000000000 = ______ مىليارد**

**9**

**تۆۋەندىكى سانلارنى يازايلى:**

| يۈز مىلياردلار خانىسى / ئون مىلياردلار خانىسى / مىلياردلار خانىسى | يۈز مىليونلار خانىسى / ئون مىليونلار خانىسى / مىليونلار خانىسى | يۈز مىڭلار خانىسى / ئون مىڭلار خانىسى / مىڭلار خانىسى | يۈزلەر خانىسى / ئونلار خانىسى / بىرلەر خانىسى | |
|---|---|---|---|---|
| 2 0 0 | 0 0 0 | 0 0 0 | 0 0 0 | ئىككى يۈز مىليارد<br>يېزىلىشى: |
| ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | تۆت مىليارد ئۈچ يۈز مىليون<br>يېزىلىشى: |
| ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | سەكسەن مىليارد ئەللىك بەش مىليون ئۈچ يۈز مىڭ ئوتتۇز<br>يېزىلىشى: |
| 1 | 0 0 4 | 5 0 0 | 0 0 0 | بىر مىليارد تۆت مىليون بەش يۈز مىڭ<br>يېزىلىشى: |
| ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ئۈچ يۈز تۆت مىليارد ئالتە مىليون يەتمىش توققۇز<br>يېزىلىشى: |

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**1.** تۆۋەندىكى سانلارنى يېزىڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| يەتتە مىليارد ئون مىليون بەش يۈز مىڭ | ئاتمىش بىر مىليارد ئۈچ يۈز بەش مىڭ تۆت يۈز ئون | بەش يۈز تۆت مىليارد بىر مىليون قىرىق يەتتە | تۆت مىليارد بەش يۈز مىڭ يەتمىش |
| | | | |

**2.**

مىليون ___ مىليارد ___ = 9820000000　　مىليارد ___ = 63000000000

مىليون ___ مىليارد ___ = 74290000000　　مىليون ___ = 2000000

مىڭ___ مىليون ___ مىليارد ___ = 850235040000

مىليون ___ = 25000000　　مىليارد ___ = 9000000000

## كۆنۈكمە

**1.** ئالتە خانىلىق بىر سانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى خانىسى قايسى خانا؟ سەككىز خانىلىق بىر سانىنىڭچۇ؟ ئون خانىلىق بىر سانىنىڭچۇ؟

**2.** كۆپ خانىلىق ساندىن بىر قانچىنى يېزىپ، ھەربىر رەقەم تۇرغان خانا ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ.




بۆلەكتىكى «2» بولسا مىليونلار
خانىسىدىكى سان بولۇپ، ئۇ 2 دانە بىر
مىليوننى ئىپادىلەيدۇ.

**3. تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى سانلارنى ئوقۇڭ:**

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| (1) | 53 | 53 000 | 530 000 000 | 5 300 000 000 |
| (2) | 7 026 | 7 026 000 | 702 600 000 | 70 260 000 000 |
| (3) | 12 000 | 12 000 000 | 120 000 000 | 103 200 000 000 |

**4. ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، تۆۋەندىكى سانلارنى ھەم تېز، ھەم توغرا ئوقۇڭ:**

| | | | |
|---|---|---|---|
| 50325525 | 90253405470 | 3024606102 | 8050412700 |
| 230022200577 | 200120048702 | 60000250014 | 2035000254 |
| 20047880 | 74521600020 | 998750000000 | 8988650002 |

**5. ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سانلارنى كىم توغرا ئوقۇپ بېرەلەيدۇ؟**

(1) يەرشارىدىكى قۇرۇقلۇقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 149000000 كۋادرات كىلومېتىر.

(2) يەرشارىدىكى دېڭىز - ئوكياننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 3620000000 كۋادرات كىلومېتىر.

(3) ئاسترونومىيە تېلېسكوپىدا ئاز دېگەندە 1000000000 دانە يۇلتۇزنى كۆرگىلى بولىدۇ.

6. تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى ساننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى سېلىشتۇرۇپ، دۈگىلەك ئىچىگە «>» ياكى «<» بەلگىسىنى تولدۇرۇڭ:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 900560025 | ◯ | 3600200025 | 582622200225 | ◯ | 582600002500 |
| 100000000 | ◯ | 999699999 | 700090000 | ◯ | 700009000 |

7. تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى سانلاردىن تۈزۈلگەن ساننى يېزىپ بېقىڭ:




8. تۆۋەندىكى سانلارنى «مىليون» ياكى «مىليارد» بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتىپ يېزىڭ. (پۈتۈن مىليونلۇق سان

بولمىغانلىرىنىڭ مىليونلار خانىسىدىن كېيىنكى پارچە سانلىرىنى پۈتۈنلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تاشلىۋېتىڭ.)

205000000000
965025000000
52403200000

20013000000
7410000000
62520000000

300200000000
85006009000
8002000000

**9. تۆۋەندىكى سانلارنى يېزىپ بېقىڭ:**

| يۈزلەر خانىسى<br>ئونلار خانىسى<br>بىرلەر خانىسى | يۈز مىڭلار خانىسى<br>ئون مىڭلار خانىسى<br>مىڭلار خانىسى | يۈز مىليونلار خانىسى<br>ئون مىليونلار خانىسى<br>مىليونلار خانىسى | يۈز مىلياردلار خانىسى<br>ئون مىلياردلار خانىسى<br>مىلياردلار خانىسى |
|---|---|---|---|
| ئون مىليارد بىر يۈز مىليون<br>يېزىلىشى: ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ |
| بىر مىليارد ئەللىك تۆت مىليون<br>ئون بەش<br>يېزىلىشى: ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ |
| ئۈچ مىليارد ئۈچ يۈز مىڭ<br>يېزىلىشى: ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ |
| توققۇز مىليون ئۈچ يۈز مىڭ بىر<br>يېزىلىشى: ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ | ___ ___ ___ |

# كۆپ تەرەپلىك

1

بىز ئىلگىرىكى دەرسلىك كىتابلىرىمىزدا تەكشىلىكتىكى شەكىللەردىن بىرقانچىسى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ قىسىمدا ھەرخىل كۆپ تەرەپلىك بىلەن تونۇشۇپ باقايلى:



6 تەرەپلىك

4 تەرەپلىك

4 تەرەپلىك

10 تەرەپلىك

8 تەرەپلىك

7 تەرەپلىك

تەكشىلىكتىكى شەكىللەر تەرەپلىرىگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىلىدىكەن. قانچە تەرىپى بولسا شۇنچە تەرەپلىك دەپ ئاتىلىدىكەن.



## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تۆۋەندىكى شەكىللەر ئىچىدىكى تۆت تەرەپلىك شەكىلگە "✓" بەلگىسىنى قويۇڭ:



(    )    (    )    (    )    (    )

2. تۆۋەندىكى شەكىللەر ئىچىدىكى ئالتە تەرەپلىك شەكىلگە "✓" بەلگىسىنى قويۇڭ:



(    )    (    )    (    )    (    )

3. تۆۋەندىكى شەكىللەر ئىچىدىكى ئون تەرەپلىك شەكىلگە "✓" بەلگىسىنى قويۇڭ:



(    )    (    )    (    )    (    )



(    )    (    )    (    )    (    )

2

پاراللېل تۆت تەرەپلىك ۋە تراپېتسىيەمۇ بىزگە دائىم ئۇچرايدىغان تۆت تەرەپلىك قاتارىدىندۇر.

پاراللېل تۆت تەرەپلىك





تراپېتسىيە





پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ بىر تەرىپى ئۈستىدىكى بىر نۇقتا ئارقىلىق قارشى تەرەپكە بىر تىك سىزىق ئۆتكۈزسەك، بۇ نۇقتا بىلەن تىك ئاساسى ئارىسىدىكى كېسمە پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ **ئېگىزلىكى** دەپ ئاتىلىدۇ، تىك ئاساسى ياتقان تەرەپ پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ **ئاساسى** دەپ ئاتىلىدۇ.













يۇقىرىدىكى «ئا» تراپېتسىيەگە ئوخشاش ئىككى يېنى ئۆزئارا تەڭ بولغان تراپېتسىيە **تەڭ يانلىق تراپېتسىيە** دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى ئىككى شەكىلنىڭ ئېگىزلىكىنى سىزىڭ:





# كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى شەكىللەر ئىچىدىكى بەش تەرەپلىك شەكىلگە "✓" بەلگىسىنى قويۇڭ:



(  )　(  )　(  )　(  )

2. تۆۋەندىكى شەكىللەر ئىچىدىكى ئون ئىككى تەرەپلىك شەكىلگە "✓" بەلگىسىنى قويۇڭ:



(  )　(  )　(  )　(  )

3. تۆۋەندىكى شەكىللەر ئىچىگە قانچە دانە ئۈچبۇلۇڭ سىزالايسىز؟



(  ) دانە ئۈچبۇلۇڭ　(  ) دانە ئۈچبۇلۇڭ　(  ) دانە ئۈچبۇلۇڭ

4. تۆۋەندىكى تۆت دانە شەكىلنىڭ ئېگىزلىكىنى سىزىڭ:



5. ساناپ بېقىڭ، تولدۇرۇپ بېقىڭ.



| | |
|---|---|
| تۆت تەرەپلىك | |
| بەش تەرەپلىك | |
| ئالتە تەرەپلىك | |

6. تۆۋەندىكى بېرىلگەن شەكىللەرنى ئاساس قىلىپ يەنە نۇرغۇن شەكىللەرنى سىزىپ بېقىڭ:



# ئىككى خانىلىق ساننى ئىككى خانىلىق سانغا كۆپەيتىش

**1**

خالىد «ياخشىلار باغچىسى» ناملىق كىتابنى كۈنىگە 40 بەت ئوقۇسا، ئۇنداقتا

10 كۈندە قانچە بەت ئوقۇيدۇ؟

$40 \times 10 =$ ______




20 كۈندە قانچە بەت ئوقۇيدۇ؟

$40 \times 20 =$ ______




**2**

بوستان مەدرىسىسىدە 12 سىنىپ بار بولۇپ، ھەربىر سىنىپتا 18 نەپەر ئوقۇغۇچى بار بولسا، 250 پارچە كىتاب ئۇلارغا يېتەمدۇ؟

$18 \approx 20$

$20 \times 12 = 240$

$12 \approx 10$

$18 \times 10 = 180$

$18 \approx 20$

$12 \approx 10$

$20 \times 10 = 200$

جاۋابى: 250 پارچە كىتاب ئۇلارغا يېتىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي



1. بىر مەشىق دەپتىرىدە تىك قۇر بويىچە 23 كاتەكچە، يانتۇ قۇر بويىچە 20 كاتەكچە بولسا، ئۇنداقتا بۇ مەشىق دەپتىرىدە تەخمىنەن قانچە كاتەكچە بار؟

2. ئېغىزچە ھېسابلاڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 30 × 20 = | 70 × 60 = | 40 × 30 = | 50 × 20 = |
| 24 × 20 = | 12 × 40 = | 70 × 50 = | 30 × 20 = |
| 90 × 60 = | 40 × 80 = | 90 × 30 = | 80 × 60 = |

3. مەشىق دەپتىرىڭلارغا ئىشلەپ بېقىڭ.

60 × 50　　30 × 80　　20 × 90　　63 × 20

4. كۆك كىت سېكۇنتىغا 11 مېتىر سۇ ئۈزىدۇ، يىلپىز سېكۇنتىغا 31 مېتىر يۈگۈرىدۇ، بۆغا سېكۇنتىغا 19 مېتىر يۈگۈرىدۇ.

(1) يىلپىز 20 سېكۇنتتا تەخمىنەن قانچە مېتىر يۈگۈرىدۇ؟

(2) كۆك كىت 1 مىنۇتتا تەخمىنەن قانچە مېتىر سۇ ئۈزىدۇ؟

(3) بۇغا 40 سېكۇنتتا تەخمىنەن قانچە مېتىر يۈگۈرىدۇ؟

**5. ھېسابلاڭ.**

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 11 × 60 | 80 × 40 | 70 × 50 | 60 × 90 | 50 × 30 |
| 80 × 20 | 32 × 10 | 25 × 70 | 29 × 50 | 90 × 40 |

**3**



(1) ئاباباس بىر يۈرۈش كىتاب سېتىۋالماقچى بولۇپ، بىر يۈرۈش كىتاب 13 پارچە، ھەربىر پارچىسى 32 دوللار بولسا، جەمئىي قانچە پۇل كېتىدۇ؟

32 × 13 = _____

1 ـ خىل ئۇسۇل :

13 نى 10 بىلەن 3 كە ئايرىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 32 گە كۆپەيتىپ، چىققان نەتىجىنى ئۆزئارا قوشساق جەمئىي پۇل سانى چىقىدۇ.



32 × 10 = 320

32 × 3 = 96

320 + 96 = 416







(2) باقمىچىلىق فېرمىسىدا 42 تۇياق كالا بار بولۇپ، ھەربىر كالىدىن بىر كۈندە تەخمىنەن 22 كىلوگرام سۈت سېغىلسا، بۇ فېرمىدا بىر كۈندە جەمئىي قانچە كىلوگرام سۈت سېغىلىدۇ؟

42 × 22 = ______ (　　　)






## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى مەشىق دەپتىرىڭىزگە تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 11 × 44 = | 23 × 21 = | 14 × 22 = | 12 × 13 = |
| 32 × 12 = | 33 × 22 = | 31 × 21 = | 41 × 21 = |
| 44 × 21 = | 11 × 33 = | 42 × 22 = | 52 × 11 = |

2.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 13 × 23 | 12 × 12 | 12 × 23 | 14 × 23 | 11 × 23 |

4

ئەگەر 3 ـ مىسالدىكى كىتابلارنىڭ ھەربىر پارچىسىنىڭ باھاسىنى 38 دوللار قىلىپ ئۆزگەرتسەك، جەمئىي قانچە پۇل كېتىدۇ؟

$$38 \times 13 = _____$$

**1 ـ خىل ئۇسۇل**

$38 \approx 40$

$40 \times 13 = 520$

تەخمىنەن 520 دوللار پۇل كېتىدۇ.

**2 ـ خىل ئۇسۇل**

$$\begin{array}{r} 38 \\ \times\ 13 \\ \hline 114 \\ 38\phantom{0} \\ \hline 494 \end{array}$$

2

ئادەتتە كۆڭۈلدىكى ساننى ئېسىمىزدىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر چەتكە كىچىك قىلىپ يېزىپ قويىمىز

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى مەشىق دەپتىرىڭىزگە تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 15 × 42 = | 76 × 35 = | 69 × 45 = | 36 × 25 = |
| 64 × 12 = | 63 × 24 = | 25 × 66 = | 73 × 84 = |
| 93 × 54 = | 95 × 36 = | 67 × 38 = | 53 × 63 = |

2. ئۆمەر ھەركۈنى 15 كىلومېتىر يۈگۈرسە، 45 كۈندە قانچە كىلومېتىر يۈگۈرگەن بولىدۇ؟



3. 46 قۇر ئالما دەرىخى بار. ئەگەر ھەربىر قۇردا 36 تۈپ ئالما دەرىخى بولسا، جەمئىي قانچە تۈپ ئالما دەرىخى بار؟

5




دىلشات جەمئىي قانچە كىلوگرام يۈك يۆتكىدى؟

$14 \times 40 =$ ______ (          )

ئالدى بىلەن 14 × 4 نى
ھېسابلاش كېرەك.
14 × 4 = 56
56 × 10 = 560



تىك شەكىلدە ھېسابلىساق:

$$\begin{array}{r} 14 \\ \times\ 40 \\ \hline 00 \\ 56\phantom{0} \\ \hline 560 \end{array}$$



مۇنداق يېزىشقىمۇ بولىدۇ:

$$\begin{array}{r} 14\phantom{0} \\ \times\ 40 \\ \hline 560 \end{array}$$

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تىك شەكىلدە ئىشلەپ بېقىڭ.

$$\begin{array}{r} 54 \\ \times\ 70 \\ \hline \end{array} \qquad \begin{array}{r} 39 \\ \times\ 60 \\ \hline \end{array} \qquad \begin{array}{r} 81 \\ \times\ 50 \\ \hline \end{array} \qquad \begin{array}{r} 490 \\ \times\ 4 \\ \hline \end{array}$$

2. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى مەشىق دەپتىرىڭىزگە تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| $17 \times 40 =$ | $96 \times 50 =$ | $29 \times 20 =$ | $44 \times 30 =$ |
| $60 \times 34 =$ | $80 \times 29 =$ | $70 \times 19 =$ | $90 \times 43 =$ |

3. سېلىشتۇرۇپ ھېسابلاپ بېقىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| $30 \times 23$ | $24 \times 20$ | $40 \times 12$ |
| $32 \times 23$ | $24 \times 19$ | $38 \times 12$ |

# كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى مەشىق دەپتىرىڭىزگە تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 68 × 75 = | 18 × 96 = | 37 × 46 = | 73 × 53 = |
| 65 × 40 = | 56 × 80 = | 20 × 50 = | 60 × 70 = |
| 10 × 70 = | 80 × 12 = | 31 × 30 = | 20 × 45 = |

2.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 90 × 68 | 18 × 40 | 23 × 45 | 50 × 16 |
| 51 × 89 | 73 × 55 | 85 × 25 | 36 × 28 |



3. يۈسۈپ ئاكا ھەركۈنى 89 تۇلۇق سۇ يۆتكەيدۇ، ھەربىر تۇلۇق سۇنىڭ ئېغىرلىقى 18 كىلوگرام كەلسە، ئۇنداقتا ھەركۈنى قانچە كىلوگرام سۇ يۆتكەيدۇ؟

4.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 24 × 70 | 70 × 30 | 36 × 52 | 21 × 72 | 29 × 89 | 56 × 33 |
| 45 × 20 | 20 × 72 | 15 × 61 | 87× 23 | 49 × 53 | 39 × 58 |



**5.** ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا 36 دانە ئاپتوبۇس بار بولۇپ، بىر ئاپتوبۇسقا 54 نەپەر ئادەم سىغسا، ھەممە ئاپتوبۇسلار بىرلىشىپ قانچە نەپەر يولۇچىنى توشۇيالايدۇ؟

**6.** بۇ سىياھ قەلەملەرنى ماس قۇتىلىرى بىلەن جۈپلەڭ.




**7.** تۆۋەندىكى ھېسابلارنى تاپشۇرۇق دەپتىرىڭىزگە تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 52 × 71 = | 81 × 36 = | 96 × 25 = | 50 × 30 = |
| 85 × 63 = | 20 × 60 = | 70 × 40 = | 12 × 60 = |
| 50 × 70 = | 90 × 10 = | 19 × 60 = | 79 × 68 = |

**8.** سىلىشتۇرۇپ ھېسابلاپ بېقىڭ، نېمىنى بايقىدىڭىز؟

| | | |
|---|---|---|
| 40 × 20 | 30 × 50 | 60 × 30 |
| 47 × 23 | 34 × 58 | 68 × 35 |
| 50 × 30 | 40 × 60 | 70 × 40 |

**9. سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇڭ.**

- $70 \times 59$
- $33 \times 39$
- $54 \times 43$
- $20 \times 58$

- نەتىجىسى 1600 دىن چوڭ، 2500 دىن كىچىك بولغىنى
- نەتىجىسى 1000 دىن چوڭ، 1400 دىن كىچىك بولغىنى
- نەتىجىسى 3200 دىن چوڭ، 5000 دىن كىچىك بولغىنى
- نەتىجىسى 800 دىن چوڭ، 1300 دىن كىچىك بولغىنى

**10.** پىل تۇغۇلغاندىن كېيىن ئېغىرلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 200 كىلوگىرام ئاشىدۇ.




21 يىلدىن كېيىن بۇ پىلنىڭ ئېغىرلىقى قانچە كىلوگىرام بولىدۇ؟

**11*.** ئالدى بىلەن ھېسابلاڭ، ئاندىن بىر سان بىلەن 11 نى كۆپەيتسە نەتىجىدە قانداق قانۇنىيەت بارلىقىنى كۆزىتىڭ.

$$\begin{array}{r} 23 \\ \times\ 11 \\ \hline \end{array} \qquad \begin{array}{r} 76 \\ \times\ 11 \\ \hline \end{array} \qquad \begin{array}{r} 94 \\ \times\ 11 \\ \hline \end{array}$$

يۇقىرىدىكى قانۇنىيەتكە ئاساسەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ:

$15 \times 11 = 1\ (\quad)\ 5$ $\qquad$ $27 \times 11 = (\qquad\qquad)$

$38 \times 11 = (\quad)\ (\quad)\ 8$ $\qquad$ $43 \times 11 = (\qquad\qquad)$

# يۈز (مەيدان)

1





كومپيۇتېر ئېكرانى
بىلەن دوسكىنىڭ
قايسىسى چوڭ؟







زىكىر كىتاب بىلەن تەپسىر
كىتاب مۇقاۋىسىنىڭ قايسىسى
كىچىك؟

# يۈز

تەكشىلىك ياكى مەلۇم ماددىلارنىڭ سىرتىنىڭ كۆلىمى، دائىرىسى، چوڭ ـ كىچىكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆپ قوللىنىلىدىغان يۈز بىرلىكلىرىدىن كۋادرات سانتىمېتىر، كۋادرات دېتسىمېتىر ۋە كۋادرات مېتىرلار بار.



كونۇپكا تاختىسىدىكى بەزى كىچىك كونۇپكىلارنىڭ يۈزى 1 كۋادرات سانتىمېتىر

## كۋادرات سانتىمېتىر

تەرەپ ئۇزۇنلۇقى بىر سانتىمېتىر بولغان كۋادراتنىڭ يۈزى 1 كۋادرات سانتىمېتىر بولىدۇ.



رادىئونىڭ بىر يۈزى 1 كۋادرات دېتسىمېتىر

## كۋادرات دېتسىمېتىر

تەرەپ ئۇزۇنلۇقى بىر دېتسىمېتىر بولغان كۋادراتنىڭ يۈزى 1 كۋادرات دېتسىمېتىر بولىدۇ.



كىچىك يوتكىلىشچان دوسكىنىڭ يۈزى 1 كۋادرات مېتىر

## كۋادرات مېتىر

تەرەپ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر بولغان كۋادراتنىڭ يۈزى 1 كۋادرات مېتىر بولىدۇ.

يۈز بىرلىكلىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇزۇنلۇق بىلەن يۈزنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېپىپ باقايلى:

ئۇزۇنلۇقنى بىر تۈز سىزىق بىلەن ئىپادىلىگىلى بولغان بىلەن، يۈزنى بىر دائىرە ئىچىدە ئىپادىلەيدىكەنمىز.



1 كۋادرات سانتىمېتىر

$1\ cm^2$

1 سانتىمېتىر

1 cm

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. ئۆيىڭىزنىڭ يۈزى تەخمىنەن قانچە كۋادرات مېتىر كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ بېقىڭ.



2. غولچىڭىزنى كېرىپ، 1 مېتىرنىڭ قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىڭ. بىر گۇرۇپپىدىكى ساۋاقداشلار ھەمكارلىشىپ، غولاچنى كېرىپ، 1 كۋادرات مېتىرنى ئىپادىلەڭلار.

3. ئەتراپىڭىزدىكى قايسى جىسىملارنىڭ بىر يۈزى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەخمىنەن 1 كۋادرات سانتىمېتىر، 1 كۋادرات دېتسىمېتىر ۋە 1 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؟

4. بىرىلگەن سىزىق ئۈستىگە مۇۋاپىق بىرلىك ناملىرىنى تولدۇرۇڭ.

دوسكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 ______ ؛ بىر دانە قولياغلىقنىڭ يۈزى 4 ______ ؛

ھەسەننىڭ بوي ئېگىزلىكى 145 ______ ؛ بىر تاۋۇزنىڭ ئېغىرلىقى 6 ______ ؛

**2**

بىز ئىلگىرى تىك تۆتبۇلۇڭ ۋە كۋادرات بىلەن تونۇشۇپ چىققان ئىدۇق، ئەمدى ئۇلارنىڭ يۈزىنى تېپىپ باقايلى.

بىر تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2 سانتىمېتىر بولسا، ئۇنىڭ يۈزىنى تاپالامسىز؟

ھەربىر قۇرغا 4 دانە تىزساق، ئىككى قۇر تىزىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى 2 × 4 بولۇپ 8 كۋادرات سانتىمېتىر بولىدۇ.



دەلمۇدول 8 دانە 1 كۋادرات سانتىمېتىرلىق كۋادرات تىزدىم. ئۇنىڭ يۈزى 8 كۋادرات سانتىمېتىر بولىدۇ.






**ئۇزۇنلۇق × كەڭلىك = تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ يۈزى**



تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ يۈزىنى ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكىنى كۆپەيتىپ تاپىدىكەنمىز ـ دە!



كۋادراتنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى تەڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ يۈزىنى تىك تۆت بۇلۇڭنىڭ يۈزىنى تېپىش فورمۇلاسىدىن پايدىلىنىپ تاپىمىز.

**ئۇزۇنلۇق × ئۇزۇنلۇق = كۋادراتنىڭ يۈزى**

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**تۆۋەندىكى شەكىللەرنىڭ ئاۋۋال ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكىنى ئۆلچەپ بېقىڭ، ئاندىن ئۇلارنىڭ يۈزىنى تېپىڭ:**



ئۇزۇنلۇقى = ____________

كەڭلىكى = ____________

يۈزى = ____________



ئۇزۇنلۇقى = ____________

كەڭلىكى = ____________

يۈزى = ____________

3

بىزگە مەلۇم، ئۆزئارا قوشنا بولغان دائىم
ئىشلىتىلىدىغان ئىككى ئۇزۇنلۇق بىرلىكى
ئارىسىدىكى ئىشش نىسبىتى 10. ئۇنداقتا،
ئۆزئارا قوشنا بولغان دائىم ئىشلىتىلىدىغان
ئىككى يۈز بىرلىكى ئارىسىدىكى ئىشش
نىسبىتى قانچە بولىدۇ؟





ئەگەر تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 1 دېتسىمېتىر بولغان بىر
ۋاراق كۋادرات شەكىللىك قەغەزنى، تەرەپ ئۇزۇنلۇقى
1 سانتىمېتىر بولغان كىچىك كۋادراتلارغا بۆلسەك،
قانچە دانىگە بۆلگىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ يۈزى قانچە
كۋادرات سانتىمېتىر بولىدۇ؟



1 دېتسىمېتىر (10 سانتىمېتىر)



تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر بولغان كۋادراتنىڭ يۈزى:

(كۋادرات سانتىمېتىر) ___ = ___ × ___

كۋادرات دېتسىمېتىر ___ = 100 كۋادرات سانتىمېتىر



تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 1 دېتسىمېتىر بولغان كۋادراتنىڭ يۈزى 1 كۋادرات دېتسىمېتىر بولىدۇ.

100 كۋادرات سانتىمېتىر = 1 كۋادرات دېتسىمېتىر

$1\ dm^2 = 100\ cm^2$

___ كۋادرات دېتسىمېتىر = 1 كۋادرات مېتىر

$1\ m^2 = ___\ dm^2$

يەر مەيداننى ئۆلچىگەندە، دائىم تۆۋەندىكىدەك تېخىمۇ چوڭ بولغان يۈز بىرلىكلىرى قوللىنىلىدۇ: **گېكتار**، **كۋادرات كىلومېتىر**.

**1 گېكتار** — تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر بولغان كۋادراتنىڭ يۈزى

**1 كۋادرات كىلومېتىر** — تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 1 كىلومېتىر بولغان كۋادراتنىڭ يۈزى

10000 كۋادرات مېتىر = 1 گېكتار — $1\ G = 10000\ m^2$

100 گېكتار = 1 كۋادرات كىلومېتىر — $1\ km^2 = 100\ G$

## تۇرمۇشتىكى ماتېماتىكا

بىر مەسجىدنىڭ يۈزى تەخمىنەن 100 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، مۇشۇنداق 100 مەسجىدنىڭ يۈزى تەخمىنەن 1 گېكتار بولىدۇ.

1000000 كۋادرات مېتىر بىر كۋادرات كىلومېتىرغا تەڭ بولىدۇ. 100000000 كۋادرات دېتسىمېتىر بىر كۋادرات كىلومېتىرغا تەڭ بولىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

بىرلىكلەرنى ئايلاندۇرۇپ بېقىڭ.

1 m = (      ) dm　　　8 كۋادرات مېتىر = (      ) كۋادرات دېتسىمېتىر

1 km = (      ) m　　　4 گېكتار = (      ) كۋادرات مېتىر

1 كۋادرات دېتسىمېتىر = (      ) كۋادرات سانتىمېتىر

2 $m^2$ = (      ) $dm^2$　　　2 $km^2$ = (      ) G

1 dm = (      ) cm　　　7 كۋادرات كىلومېتىر = (      ) كۋادرات مېتىر

3 G = (      ) $m^2$　　　7 $dm^2$ = (      ) $cm^2$

4

ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر بولغان تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك بىر كۆكتاتلىقنى قورشاش ئۈچۈن قانچىلىك سىم كېتىدۇ؟






$5 + 2 + 5 + 2 = 14$ مېتىر

جاۋابى: ______ مېتىر سىم كېتىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى شەكىللەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەپ بېقىڭ:





ئۇزۇنلۇقى = ____________
كەڭلىكى = ____________
ئايلانما ئۇزۇنلۇقى = ____________

ئۇزۇنلۇقى = ____________
كەڭلىكى = ____________
ئايلانما ئۇزۇنلۇقى = ____________



2. داۋۇد ئاكا ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىر كېلىدىغان كۋادرات شەكىللىك گۈللۈكنى ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر كېلىدىغان ياغاچ تاختاي بىلەن قورشاش ئۈچۈن قانچە دانە ياغاچ تاختاي ئىشلىتىدۇ؟

# كۆنۈكمە

1. بىر پۇتبول مەيدانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 86 مېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر بولسا، بۇ پۇتبول مەيدانىنىڭ يۈزى قانچە؟ يېرىم مەيدانىنىڭ يۈزىچۇ؟

2. ئەتراپىڭىزدىكى جىسىملارنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى تىك تۆتبۇلۇڭ، كۋادراتلارنى كۆزىتىپ، ئۆلچەپ ھەم ھېسابلاڭ.

| جىسىمنىڭ نامى | ئۇزۇنلۇقى | كەڭلىكى | يۈزى |
| --- | --- | --- | --- |
| | | | |
| | | | |
| | | | |

3. تۆۋەندىكى شەكىللەرنىڭ يۈزىنى ھېسابلاڭ (بىرلىكى: سانتىمېتىر):




4. سىنىپىڭنىڭ ئالدى تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر. تامدا دوسكا بار بولۇپ، يۈزى 3 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ تامنى ئاقارتىشقا توغرا كەلسە، ئاقارتىلىدىغان تامنىڭ يۈزى قانچە كۋادرات مېتىر بولىدۇ؟

**5. توغرا سىزىق ئۈستىگە مۇۋاپىق بىرلىك نامىنى تولدۇرۇڭ.**

| | | |
|---|---|---|
| دەرەخنىڭ ئېگىزلىكى 19 ____ | قاموسنىڭ قېلىنلىقى 3 ____ | مەدرىسىنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 8451 ____ |
| مېۋىلىك باغنىڭ يەر مەيدانى 6 ____ | ئۆي ئىشىكىنىڭ يۈزى 2 ____ | مەلۇم بىر شەھەرنىڭ يەر كۆلىمى 7845 ____ |

**6.** ئابدۇللەتىپ تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك قەغەزدىن بىر دانە چوڭ كۋادرات كېسىۋالسا، ئېشىپ قالغان قىسمى قانداق شەكىل بولىدۇ؟ ئۇنىڭ يۈزى قانچە كۋادرات سانتىمېتىر بولىدۇ؟




**7.** بىر مەسجىدنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 مېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر كېلىدۇ.
(1) بۇ مەسجىدنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانىنى تېپىڭ.
(2) مەسجىدنىڭ ئەتراپى سىم تام بىلەن قورشالغان بولسا، سىم تامنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تېپىڭ.

**8. تۆۋەندىكى مىساللارغا ھۆكۈم قىلىڭ، توغرا بولسا «✓» بەلگىسىنى، خاتا بولسا «×» بەلگىسىنى قويۇڭ:**

(1) كۋادرات سانتىمېتىر 70 = كۋادرات دېتسىمېتىر 7. (　　)

(2) 10 دانە 1 كۋادرات دېتسىمېتىرلىق كۋادراتتىن قۇراشتۇرۇلغان شەكىللەرنىڭ يۈزى ئوخشاشلا 10 كۋادرات دېتسىمېتىر بولىدۇ. (　　)

(3) 16 دانە كۋادراتتىن پايدىلىنىپ بىر دانە تىك تۆتبۇلۇڭ قۇراشتۇرۇشتا، پەقەت بىرلا خىل قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى بار.  (    )

**.9**

تۆۋەندىكى ھەربىر كاتەكچە 1 كۋادرات سانتىمېتىرنى ئىپادىلەيدۇ. كاتەكچە قەغەز يۈزى 18 كۋادرات سانتىمېتىر بولغان تىك تۆتبۇلۇڭ سىزىڭ. قانچىنى سىزالايسىز؟ ئاندىن ئۇلارنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاپ، جەدۋەلنى تولدۇرۇڭ.



| ئۇزۇنلۇقى (سانتىمېتىر) | كەڭلىكى (سانتىمېتىر) | ئايلانما ئۇزۇنلۇقى (سانتىمېتىر) |
|---|---|---|
| 18 | 1 | 38 |
| | | |
| | | |

**.10**

چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان ئىككى تىك تۆتبۇلۇڭ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقلىرى ئوخشاشلا 38 سانتىمېتىر، كەڭلىكلىرىمۇ ئوخشاشلا 19 سانتىمېتىر.

(1) بىر دانە كۋادرات قۇراشتۇرساق ئۇنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى قانچە بولىدۇ؟

(2) بىر دانە تىك تۆتبۇلۇڭ قۇراشتۇرساق ئۇنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى قانچە بولىدۇ؟

(3) قۇراشتۇرۇلغان ئىككى شەكىلنىڭ يۈزلىرى ئۆزئارا تەڭمۇ؟ ئۇلار قانچە؟

# كۆپ خانىلىق ساننى ئىككى خانىلىق سانغا بۆلۈش

**1**

(1) 90 دانە شارنى 30 ئادەمگە تارقاتساق، ھەربىر ئادەمگە قانچە داندىن تېگىدۇ؟






$90 \div 30 =$ ____ (دانە)

جاۋابى: ھەربىر ئادەمگە ____ داندىن تېگىدۇ.

ئويلاپ باقايلى:

$93 \div 30 \approx$ ________

$90 \div 28 \approx$ ________

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

| | | | |
|---|---|---|---|
| 70 ÷ 10 = | 40 ÷ 20 = | 80 ÷ 20 = | 60 ÷ 20 = |
| 70 ÷ 12 ≈ | 40 ÷ 19 ≈ | 82 ÷ 20 ≈ | 63 ÷ 20 ≈ |

**(2) 180 دانە مسۋاكنى 90 ئادەمگە تارقاتساق، ھەربىر ئادەمگە قانچىدىن تېگىدۇ؟**



**180 ÷ 90 = ______ دانە**

**جاۋابى: ھەربىر ئادەمگە ______ دانىدىن تېگىدۇ.**

ئويلاپ باقايلى:

180 ÷ 93 ≈ ______

179 ÷ 90 ≈ ______

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

| | | | |
|---|---|---|---|
| 360 ÷ 40 = | 630 ÷ 70 = | 250 ÷ 50 = | 120 ÷ 60 = |
| 356 ÷ 40 ≈ | 627 ÷ 70 ≈ | 250 ÷ 49 ≈ | 120 ÷ 57 ≈ |

**2**

**(1) 82 تال خورمىنى 40 بالىغا تارقىتىپ بەرسەك، ھەربىر بالىغا تەخمىنەن قانچە تالدىن تېگىدۇ؟**

82 ÷ 40 = ____ (تال)



82 ≈ 80

80 ÷ 40 = 2

ھەربىر بالىغا تەخمىنەن 2 تالدىن تېگىدۇ.

تىك شەكىلدە ھېسابلىساقمۇ بولىدۇ:

```
        2
40 ) 8  2
     8  0
     ----
        2
```

جاۋابى: ھەربىر بالىغا ____ تالدىن تېگىپ، يەنە ____ تال خورما ئېشىپ قالىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 40 ) 4 3 | 20 ) 8 3 | 10 ) 5 0 | 30 ) 9 3 | 20 ) 6 0 |

(2) ئىككىنچى مىسالدىكى 82 تال خورمىنى 150 تالغا ئۆزگەرتسەك، ھەربىر بالىغا قانچە تالدىن تېگىدۇ؟

150 ÷ 40 = _____ (      )

بۆلۈنگۈچىنىڭ ئالدىنقى ئىككى خانىسى بۆلگۈچىدىن كىچىك بولۇپ قالسا، ئالدىنقى ئۈچ خانىسىغا قارايمىز.




جاۋابى: ________________________.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

| | | | |
|---|---|---|---|
| 31 ⟌ 2 5 3 | 84 ⟌ 6 5 2 | 52 ⟌ 4 3 0 | 69 ⟌ 3 8 7 |

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى مىساللارنى ئېغىزچە ھېسابلاڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| $40 \times 2 =$ | $60 \times 2 =$ | $90 \times 4 =$ | $80 \times 5 =$ |
| $80 \div 40 =$ | $120 \div 60 =$ | $360 \div 90 =$ | $400 \div 80 =$ |

2. 260 پارچە قۇرئاننى ھەربىر سىنىپقا 30 پارچىدىن تارقاتساق، قانچە سىنىپقا تەقسىملەپ بەرگىلى بولىدۇ؟ يەنە قانچە پارچە ئېشىپ قالىدۇ؟

3. مەشىق دەپتىرىڭىزگە تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 50 ⟌ 1 5 0 | 60 ⟌ 3 6 0 | 90 ⟌ 8 1 0 | 70 ⟌ 6 3 0 |
| 50 ⟌ 1 5 3 | 60 ⟌ 3 7 2 | 90 ⟌ 8 2 4 | 70 ⟌ 6 3 3 |

**4. قېنى كىم تېز ھەم توغرا ھېسابلىيالايدۇ؟**

| | | | |
|---|---|---|---|
| 120 ÷ 40 = | 450 ÷ 50 = | 320 ÷ 80 = | 720 ÷ 90 = |
| 153 ÷ 30 ≈ | 244 ÷ 60 ≈ | 480 ÷ 58 ≈ | 560 ÷ 67 ≈ |

**5. تۆۋەندىكى مىساللارنى ھېسابلاڭ:**

| | | | |
|---|---|---|---|
| 160 ÷ 40 = | 120 ÷ 30 = | 540 ÷ 60 = | 420 ÷ 70 = |
| 276 ÷ 70 ≈ | 268 ÷ 90 ≈ | 723 ÷ 80 ≈ | 632 ÷ 90 ≈ |

**6. تۆۋەندىكى ھېسابلاشلار توغرىمۇ؟ توغرا بولمىغىنىنى تۈزىتىڭ.**

$$\begin{array}{r|l} & 6 \\ 40 & 290 \\ & 240 \\ \hline & 50 \end{array} \qquad \begin{array}{r|l} & 60 \\ 60 & 380 \\ & 36 \\ \hline & 2 \end{array} \qquad \begin{array}{r|l} & 6 \\ 70 & 420 \\ & 42 \\ \hline & 0 \end{array} \qquad \begin{array}{r|l} & 7 \\ 80 & 562 \\ & 560 \\ \hline & 2 \end{array}$$




**7.** 95 دوللارغا قانچە دانە چامادان سېتىۋالغىلى بولىدۇ؟ يەنە قانچە پۇل ئېشىپ قالىدۇ؟



**8.** 600 كىلوگرام بېنزىن بار بولۇپ، ئۇستام ئۇنى 80 كىلوگراملىق باكلارغا قاچىلىماقچى بولسا، قانچە باكقا قاچىلاپ، يەنە قانچىلىك ئېشىپ قالىدۇ؟

## 3

(1) سۇھەيب ئۇستاز «ياخشىلار باغچىسى» دېگەن كىتابتىن 22 پارچىنى 88 دوللارغا سېتىۋالغان بولسا، بۇ كىتابنىڭ بىر پارچىسى قانچە پۇل؟

$88 \div 22 =$ ____ (دوللار)

```
     4
22 | 8 8
     8 8
     ---
       0
```



بۆلۈنمىنى تېپىشتا بۆلگۈچىنى پۈتۈنلەپ تۈرۈپ تاپساق ئاسان تاپقىلى بولىدىكەن. مەسىلەن، 22 نى 20 دەپ تۈرۈپ بۆلۈنمىنى تاپساق ئاسان بولىدىكەن.

```
20     4
22 | 8 8
```

(2) مەنسۇر ئۇستازنىڭ 197 دوللار پۇلى بار بولۇپ، بۇنىڭغا 38 دوللارلىق قامۇس سېتىۋالماقچى بولسا، قانچە پارچە سېتىۋالالايدۇ؟ يەنە قانچە دوللار ئېشىپ قالىدۇ؟

$197 \div 38 =$ ____ (دوللار)

```
     5
38 | 1 9 7
     1 9 0
     -----
         7
```

بىۋاسىتە مۇنداق يازساقمۇ بولىدۇ.

پەرەز قىلىپ بۆلۈنمىنى تېپىش جەريانى:

```
40     4                40     5
38 | 1 9 7              38 | 1 9 7
     1 5 2       →           1 9 0
     -----                   -----
       4 5                       7
```

بۆلۈنمىنى 4 قىلساق كىچىك بولۇپ قالىدۇ.

بۆلۈنمىنى 5 قىلىپ يازىمىز.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

سىزمۇ پەرەز قىلىپ بۆلۈنمىنى تېپىش ئۇسۇلى بويىچە تۆۋەندىكى ھېسابلارنى مەشىق دەپتىرىڭىزگە ئىشلەپ بېقىڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| $46\overline{)184}$ | $71\overline{)568}$ | $56\overline{)392}$ | $33\overline{)99}$ |
| $61\overline{)124}$ | $27\overline{)253}$ | $88\overline{)529}$ | $12\overline{)63}$ |

(3) ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ تاپانچا ئېتىشنى مەشىق قىلدى. ئەگەر ئۇلاردىن ھەر 27 نەپەر ئوقۇغۇچى بىر گۇرۇپپا بولسا، 140 نەپەر ئوقۇغۇچى قانچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، يەنە قانچە نەپەر ئوقۇغۇچى ئېشىپ قالىدۇ؟

$140 \div 27 =$ ____ (نەپەر)

$27\overline{)140}$

30 → 4: $27\overline{)140}$, 108, 32 → 5: $27\overline{)140}$, 135, 5

بۆلۈنمە 4 بولسا، ئېشىپ قالغان سان 27 دىن چوڭ بولۇپ قالغانلىقتىن بۆلۈنمىنى 5 قىلىمىز.



25 → 5: $27\overline{)140}$, 135, 5



ئېھتىياجىمىزغا ئاساسەن پەرەز قىلغان ساننى بۆلگۈچىگە يېقىنلاشتۇرالىساق تېخىمۇ قولايلىق بولىدىكەن.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| $13\overline{)79}$ | $24\overline{)97}$ | $35\overline{)247}$ | $42\overline{)349}$ | $54\overline{)387}$ |

# كۆنۈكمە

1. (      ) نىڭ ئىچىگە ئەڭ چوڭ بولغاندا قانچىنى تولدۇرۇشقا بولىدۇ؟

$50 \times (\quad) < 257$

$20 \times (\quad) < 190$

$80 \times (\quad) < 498$

$90 \times (\quad) < 700$

$30 \times (\quad) < 95$

$40 \times (\quad) < 330$

$60 \times (\quad) < 431$

$70 \times (\quad) < 553$

2. بۆلگۈچىنى پەرەز قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، توغرا بۆلۈنمىنى تېز ئېيتىپ بېرىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 20    3 | 30    7 | 60    6 | 80    4 |
| $21\overline{)56}$ | $32\overline{)216}$ | $64\overline{)351}$ | $81\overline{)324}$ |
| 63 | 224 | 384 | 324 |

**3.**




```
        6                    5
83 ) 4  8  8          53 ) 2  6  5
     4  8  8               2  6  5
     -------               -------
           0                     1
```

**4.** تاختىدىكى ھېسابلارنى تاپشۇرۇق دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق ئىشلىيەلەمسىلەر؟

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| $142 \div 18$ | $532 \div 62$ | $358 \div 73$ | $293 \div 48$ | $453 \div 58$ |
| $174 \div 29$ | $296 \div 37$ | $657 \div 82$ | $834 \div 93$ | $756 \div 86$ |

**5.**

(1) «تەقۋا توخۇ فېرمىسى» جۈمە كۈنى 150 كىلوگرام تۇخۇم يىغىۋېلىپ، بىر يەشىككە 18 كىلوگرامدىن قاچىلىدى. ئۇنداقتا بۇ تۇخۇملارنى قانچە يەشىككە قاچىلىغىلى بولىدۇ، يەنە قانچە كىلوگرام ئېشىپ قالىدۇ؟

(2) «تەقۋا توخۇ فېرمىسى» جۈمە كۈنى يىغىۋالغان تۇخۇملارنى بىر يەشىككە 18 كىلوگرامدىن قاچىلىدى. 8 يەشىككە قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە 6 كىلوگرامى ئېشىپ قالغان بولسا، ئۇلار جۈمە كۈنى قانچە كىلوگرام تۇخۇم يىغىۋالغان؟

**4**

(1) ھاۋۇن ئوقى ياساش زاۋۇتى 952 پاي ھاۋۇن ئوقىنى 17 گۇرۇپپىغا بۆلۈپ ياسىغان بولسا، ھەربىر گۇرۇپپا قانچە پاي ھاۋۇن ئوقى ياسىغان؟

952 ÷ 17 = ______ (پاي)

```
      5 6
17 | 9 5 2
     8 5
     -----
     1 0 2
     1 0 2
     -----
         0
```

تىك شەكىلدە ئىشلەپ باقايلى، ئاۋۋال قايسى ساننى 17 گە بۆلۈشكە دىققەت قىلىڭ.



(2) 840 پاي ھاۋۇن ئوقىنى 42 ئادەم ئالدىنقى سەپ ئوق ئېتىش رايونىغا توشۇغان بولسا، ھەربىر ئادەم قانچە پايدىن توشۇغان بولىدۇ؟

840 ÷ 42 = ______ (پاي)

```
42 | 8 4 0

     -----
```

ئونلار خانىسىغىچە بۆلگەندىن كېيىن، قالغان سان 0 بولسا قانداق قىلىمىز؟



مۇلاھىزە قىلىڭلار: بۆلگۈچىسى ئىككى خانىلىق سان بولغان بۆلۈش بىلەن بۆلگۈچىسى بىر خانىلىق سان بولغان بۆلۈشنىڭ قانداق ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان جايلىرى بار؟

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى ھېسابلارنى مەشىق دەپتىرىڭىزگە تىك شەكىلدە ئىشلەپ بېقىڭ:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 62⟌682 | 51⟌816 | 23⟌759 | 17⟌680 | 18⟌576 |
| 28⟌364 | 36⟌720 | 44⟌484 | 23⟌690 | 21⟌945 |
| 27⟌729 | 18⟌540 | 12⟌612 | 15⟌330 | 42⟌840 |

**5**

(1) تۆۋەندىكى ھېسابلاش ئېپادىلىرىنى كۆزىتىڭ.

$60015 \div 15 = 4001$ $\quad$ $32200 \div 2300 = 14$




ئاخىرىدىكى ئوخشاش 0 لەرنى قىسقارتىشقا، ئوتتۇرىدىكى ئارتۇق 0 نى يۇقىرىغا بىۋاسىتە كۆتۈرۈپ يېزىشقا، بۆلۈنگۈچى بۆلگۈچىگە يەتمىسە ئورنىنى 0 بىلەن تولۇقلاپ كەينىدىكى خانا بىلەن قوشۇپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

(2) تۆۋەندىكى ئىككى گۇرۇپپا مەسىلىنى ھېسابلاپ، نېمىنى بايقىيالىدىڭىز؟

$○ \div 6 = 12$

$○ \div 6 = 24$

$○ \div 6 = 48$

$400 \div 4 = ____$

$400 \div 40 = ____$

$400 \div 80 = ____$

(3) ئاۋۋال تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭ، ئاندىن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

| بۆلۈنگۈچى | 10 | 100 | 200 | 400 | 4000 |
|---|---|---|---|---|---|
| بۆلگۈچى | 2 | 20 | 40 | 80 | 800 |
| بۆلۈنمە | | | | | |

جەدۋەلدىكى بۆلۈنمىلەرنىڭ قايسىلىرى ئۆزگەرگەن، قايسىلىرى ئۆزگەرمىگەن؟

بۆلۈنگۈچى، بۆلگۈچى ۋە بۆلۈنمىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدە قانداق قانۇنىيەتلەر بار؟

بۆلۈنگۈچى بىلەن بۆلگۈچىنىڭ ھەر ئىككىلىسى چوڭايغان بولۇپ، بۆلۈنگۈچى بىلەن بۆلگۈچىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئوخشاش سانغا تەڭلا كۆپەيتسەك بۆلۈنمە ئۆزگەرمىگەن.

# كۆنۈكمە

1. بۆلگۈچىنى پەرەز قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، توغرا بۆلۈنمىنى تېز ئېيتىپ بېرىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 20　2 | 30　6 | 30　1 | 30　5 |
| 19 ⟌ 4 1 8 | 32 ⟌ 1 9 2 | 28 ⟌ 3 3 6 | 34 ⟌ 1 5 3 0 |
| 3 8 | 1 9 2 | 2 8 | 1 7 0 |

2. ئەتراپىدىكى سانلارنى ئوتتۇرىدىكى سانغا بۆلۈڭ.

÷ 26: 208, 1014, 1456, 494, 234, 312

÷ 48: 4512, 1632, 1392, 3600, 1104, 912

÷ 17: 1632, 901, 646, 153, 884, 136

3. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ، بىرىنچى قۇردىكى ھېسابنىڭ بۆلۈنمىسىگە ئاساسەن ئاستىدىكى ئىككى ھېسابنىڭ بۆلۈنمىسىنى يېزىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 56 ÷ 8 = | 48 ÷ 6 = | 28 ÷ 4 = | 90 ÷ 3 = |
| 560 ÷ 80 = | 480 ÷ 60 = | 280 ÷ 40 = | 900 ÷ 30 = |
| 5600 ÷ 800 = | 4800 ÷ 600 = | 2800 ÷ 400 = | 9000 ÷ 300 = |

4. تۆۋەندىكى ھېسابلارنى تاپشۇرۇق دەپتىرىڭىزگە تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 125 ÷ 25 | 416 ÷ 32 | 196 ÷ 14 | 85 ÷ 12 |
| 639 ÷ 71 | 288 ÷ 18 | 2350 ÷ 47 | 3025 ÷ 55 |
| 832 ÷ 25 | 2124 ÷ 59 | 1425 ÷ 15 | 2752 ÷ 32 |

5. تەلەپ بويىچە (   ) نىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق بىر سان تولدۇرۇپ، ئاندىن ھېسابلاڭ.

| بۆلۈنمىسى بىر خانىلىق سان |
|---|
| (   )01 ÷ 63 |
| (   )64 ÷ 52 |
| (   )43 ÷ 27 |

| بۆلۈنمىسى ئىككى خانىلىق سان |
|---|
| (   )10 ÷ 26 |
| (   )46 ÷ 39 |
| (   )805 ÷ 33 |

6. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

(1) بۆلۈنگۈچىنى 20 گە كۆپەيتىپ، بۆلگۈچىنى قانداق ئۆزگەرتسەك بۆلۈنمە ئۆزگەرمەيدۇ؟

(2) بۆلگۈچىنى 6 گە بۆلۈپ، بۆلۈنگۈچىنى قانداق ئۆزگەرتسەك بۆلۈنمە ئۆزگەرمەيدۇ؟

(3) 3 = 8 ÷ 24 بولسا، 16 ÷ 48 قانچىگە تەڭ بولىدۇ؟ 64 ÷ 192 چۇ؟

7. تۆۋەندىكى ھېسابلاشلار توغرىمۇ؟

| | |
|---|---|
| 1 6 0<br>270 ⟌ 4 3 2 0 0<br>2 7<br>———<br>1 6 2<br>1 6 2<br>———<br>0 | 1 4<br>70 ⟌ 9 8 0<br>7 0<br>———<br>2 8<br>2 8<br>———<br>0 |

# ئومۇمىي تەكرار

بىز ئۆگىنىپ ئۆتكەن مەزمۇنلار:



1. تۆۋەندىكى سانلارنى مەشىق دەپتىرىڭىزگە يېزىڭ:

| | |
|---|---|
| ئالتە يۈز مىڭ ئون ئىككى | تۆت مىڭ بەش يۈز ئەللىك يەتتە |
| يەتمىش سەككىز مىليون ئوتتۇز مىڭ ئۈچ | بىر مىليون ئىككى يۈز ئەللىك بەش مىڭ ئون |
| سەكسەن بەش مىڭ سەكسەن بەش | بەش مىليون بىر |

2. تۆۋەندىكى سانلارنىڭ ئوقۇلۇشىنى مەشىق دەپتىرىڭىزگە يېزىڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 15420532254 | 7845211 | 90410250 | 5260870 |
| 3650248185 | 324105 | 65234025 | 300000 |

3. ئۇستاز ئوقۇپ بەرگەن سانلارنى قېنى كىم توغرا يازالايدۇ؟

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئالتە مىليون يەتتە يۈز توققۇز مىڭ ئەللىك بەش | سەككىز مىليون توقسان بەش مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش بىر | يۈز مىليون | بەش يۈز ئەللىك تۆت مىڭ بىر يۈز توقسان ئۈچ |
| | | | |
| ئوتتۇز ئالتە مىڭ ئۈچ يۈز ئون ئىككى | ئەللىك ئىككى مىليون يەتمىش بىر مىڭ بىر | سەكسەن يەتتە مىڭ ئالتە يۈز بەش | ئىككى مىليون بەش يۈز ئاتمىش مىڭ ئوتتۇز ئالتە |
| | | | |

4. تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 24 × 16 | 27 × 13 | 60 × 35 | 49 × 47 | 55 × 84 |
| 75 × 19 | 76 × 20 | 28 × 75 | 30 × 59 | 90 × 11 |

5. ئالدى بىلەن ئۈچ گۇرۇپپا ھېسابنى كۆزىتىپ، ئاندىن بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

13 × 7 = 91
13 × 14 = 182
13 × 21 = 273
13 × 28 = (      )
13 × 35 = (      )
13 × 42 = (      )
13 × (      ) = (      )
13 × (      ) = (      )

37 × 3 = 111
37 × 6 = 222
37 × 9 = 333
37 × (      ) = 444
37 × (      ) = 555
37 × (      ) = 666
37 × (      ) = 777
37 × (      ) = (      )

6.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 112 ÷ 16 | 76 ÷ 19 | 315 ÷ 35 | 326 ÷ 48 | 778 ÷ 96 | 448 ÷ 56 |

7. تۆۋەندىكى شەكىللەرنىڭ ناملىرىنى يېزىڭ.



__________　　__________　　__________

8. بىرلىك سۇندۇرۇش.

7 t = (        ) kg　　3 kg = (        ) g　　10 توننا = (        ) كىلوگرام
5 t = (        ) g　　6 kg = (        ) g　　4 كىلوگرام = (        ) گرام
9 گېكتار = (        ) كۋادرات مېتىر　　4 $m^2$ = (        ) $dm^2$

**9. تۆۋەندىكى شەكىللەرنىڭ يۈزىنى ۋە ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاڭ (بىرلىكى: سانتىمېتىر):**




**10. تۆۋەندىكى قايسى ھېسابلارنى ئېغىزچە، قايسى ھېسابلارنى تىك شەكىلدە ھېسابلىيالايسىز؟ ھېسابلاپ بېقىڭ:**

| | | | |
|---|---|---|---|
| $800 \div 4 =$ | $635 \div 5 =$ | $63 \times 60 =$ | $87 \times 49 =$ |
| $90 \times 30 =$ | $306 \div 6 =$ | $29 \times 75 =$ | $518 \div 37 =$ |

**11. تۆۋەندىكى نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ:**




**12.** بىر ئايروپىلان بىر مىنۇتتا 21 كىلومېتىر ئۇچسا، بىر سائەتتە قانچە كىلومېتىر ئۇچىدۇ؟

.13




(1) يېشىللىقنىڭ يۈزى قانچە كۋادرات مېتىر؟

(2) ئەككى يېشىللىقنىڭ ئوتتۇرىغا پىيادىلەر يولى ياسىماقچى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1 مېتىر بولغان كۋادرات شەكىللىك خىش ياتقۇزماقچى بولسا، بۇ يولنىڭ پۈتۈپ چىقىشىغا قانچىلىك خىش كېتىدۇ؟

.14 تۆۋەندىكى سانلارنى «مىڭ» ياكى «مىليون» بىرلىك قىلىنغان سانغا ئۆزگەرتىپ يېزىڭ:

| | | |
|---|---|---|
| مىڭ ___ = 87000 | مىليون ___ = 93000000 | مىڭ ___ = 530000 |
| مىڭ ___ = 740000 | مىڭ ___ = 23000 | مىليون ___ = 490000000 |
| مىڭ ___ مىليون ___ = 1590000 | | مىڭ ___ مىليون ___ = 65412000 |

.15 تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىڭ، توغرا بولسا «✓» نى، خاتا بولسا «×»نى قويۇڭ:

(1) كۋادرات سانتىمېتىر 80 = كۋادرات مېتىر 8. ( )

(2) 10 دانە 1 كۋادرات دېتسىمېتىرلىق كۋادراتتىن قۇراشتۇرۇلغان شەكىللەرنىڭ يۈزى 10 كۋادرات مېتىر بولىدۇ. ( )

(3) 20 دانە كۋادراتتىن پايدىلىنىپ بىر دانە تىك تۆتبۇلۇڭ قۇراشتۇرۇشتا بىر نەچچە خىل قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى بار. ( )

16. ☐ ئىچىگە مۇۋاپىق سان تولدۇرۇڭ.




17.



# سانلار تەرتىپ جەدۋىلى

| | | | |
|---|---|---|---|
| بىرلەر خانىسى<br>ئونلار خانىسى<br>يۈزلەر خانىسى | مىڭلار خانىسى<br>ئون مىڭلار خانىسى<br>يۈز مىڭلار خانىسى | مىليونلار خانىسى<br>ئون مىليونلار خانىسى<br>يۈز مىليونلار خانىسى | مىلياردلار خانىسى<br>ئون مىلياردلار خانىسى<br>يۈز مىلياردلار خانىسى |
| | | | |



# مەنمۇ ھەرخىل شەكىللەرنى سىزىمەن

# ھەرخىل شەكىللەر



